شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# كىشىلەر كىملىك بېجىرىشتە ئاز قاترايدىغان بولدى

## —— بىر كىملىكتە ئەكس ئەتكەن خەلق تۇرمۇشى ئىللىق ئېقىمى

**باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن يۇقىرىلارنىڭ ئەترايىدىكى ئىشلار**

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ماۋ شىن، شيۇڭ فېڭ

(1)

8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، توققۇز كۈندىن كېيىن ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدىغان كىملىكنى ئېلىپ، شىئەنلىك يىگىت جۇ جۈبىن گۇاڭجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خەيجۇ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىنىڭ كىملىك بېجىرىش زالىغا كېلىپ، يېڭى كىملىك بېجىرمەكچى بولدى.

بېجىرگىلى بولامدۇ ـ يوق؟ جۇ جۈبىننىڭ كۆڭلىدە سان يوق ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۇ پەقەت گۇاڭجوۋدىكى شىركەت باش ئىشتابىغا تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، بۇ يەردە ئۇزاق مەزگىل خىزمەت قىلمايتتى، تۇرمۇش كەچۈرمەيتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزى مۇلازىمەت قىلىدىغان 2 ـ دەرىجىلىك شىركەتمۇ گۇاڭجوۋدا روyيخەتكە ئېلىنمىغان بولۇپ، گۇاڭجوۋنىڭ باشقا جايدىكىلەرنىڭ كىملىك بېجىرىش شەرتىگە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

ئۇ تەلىيىنى سىناپ بېقىشنى قارار قىلدى: ئەگەر بېجىرەلمىسەم، يۇرتۇمغا قايتىپ بېجىرەرمەن!

گۇاڭجوۋدىن شىئەنگە 1600 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ، ئايروپىلاندا ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت، يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزدا يەتتە يېرىم سائەت، ئادەتتىكى پويىزدا 22 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ، بىر قېتىم بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن ئۈچ ـ تۆت كۈن ۋاقىت، 500 يۈەندىن 2000 يۈەندىن كۆپرەككىچە پۇل كېتەتتى.

«مەيلى قايسى خىل ئۇسۇل بولسۇن، ھەممىسىگە پۇل، ۋاقىت كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتكە دەخلى يېتەتتى» دېدى جۇ جۈبىن.

كىملىك بېجىرىش جەريانى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىن كۆپ ئوڭۇشلۇق بولدى. نوپۇس ساقچىسى پېڭ سۈيۈن جۇ جۈبىننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر نۇسخا گۇاڭجوۋدا تۇرۇۋاتقانلىق ئىسپاتى تولدۇرغۇزۇپلا، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى.

جەدۋەل تولدۇرۇش، ئىمزا قويۇش، بارماق ئىزىنى كىرگۈزۈش، ئۇنىڭدىن ھەق تاپشۇرۇش، قىسقىغىنا ئون مىنۇتتا جۇ جۈبىن بارلىق رەسمىيەتنى بېجىرىپ بولۇپ، تالوننى ئالدى.

ئىلگىرىكى ئۈچ ـ تۆت كۈندىن ھازىرقى ئون مىنۇتقىچە، كىملىكنى باشقا جايدا بېجىرىش جۇ جۈبىنغا ئوخشاش ناھايىتى كۆپ كىشىنى كىملىك بېجىرىش يولىدىكى قاتراش ئازابىدىن خالاس قىلدى.

«ئىلگىرى باشقا جايدا كىملىك بېجىرگىلى بولمايتتى، بۇنىڭدىكى تۈگۈن ھەرقايسى جايلارنىڭ نوپۇس سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تۇتاشتۇرۇلمىغان بولۇپ، باشقا جايدا سالاھىيەتنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بولمايتتى.» پېڭ سۈيۈن مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە، ئۇچۇر راۋانلىشىپ، سانلىق مەلۇماتلار كۆپ «قاتراپ»، ئامما قايتا قاتراپ يۈرمەيدىغان بولدى.

ئىلگىرى، باشقا جايدا ئالدىراش تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىملىكنى يىتتۈرۈپ قويۇش، قەرەلى توشۇپ قېلىشتەك «ئېيتقۇسىز ئازاب»نى ھەممىسى دېگۈدەك باشتىن كەچۈرگەن: مېكىرمۇشەققەتتە بىر قېتىم قايتىپ، پۇل، ۋاقىت، كۈچ سەرپ قىلىپ، ناۋادا ماتېرىيال تولۇق بولماي قالسا، بىكار قاتراپتتى. گۇاڭجوۋغا كېلىپ خىزمەت قىلغان ئۈچ يىلدا ئىككى قېتىم كىملىكنى يوقىتىپ قويغان جاڭ مياۋ كىملىك تولۇقلاپ بېجىرىشنىڭ ئىككى خىل «تەم»نى تېتىغان.

جاڭ مياۋنىڭ يۇرتى خېبېي باۋدىڭ. 2016 ـ يىلى، ئۇ ئەمدىلا گۇاڭجوۋغا كېلىپ خىزمەت قىلغاندا كىملىكنى يوقىتىپ قويغان، ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، پەقەت بىرلا تاللاش بارلىقىنى بىلگەن: ئەسلىي نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايدىكى ساقچىخانىغا قايتىپ بېجىرىش كېرەك ئىدى.

«ئەينى چاغدا دەل چاغانلىق توشۇش مەزگىلى ئىدى، مەن مۇددەتتىن بۇرۇن رۇخسەت سوراپ، ۋوگزالدا ۋاقىتلىق كىملىك ئىسپاتى بېجىرىپ، پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم، مۇشۇنداق قىلىپ ئاندىن كىملىكنى تولۇقلاپ بېجىردىم» دېدى جاڭ مياۋ ئەسلەپ.

ھالبۇكى، 2017 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، جاڭ مياۋنىڭ كىملىكى يەنە يىتىپ كەتكەن. بۇ قېتىم ئەمدىلا چىقىرىلغان «كىملىكنى باشقا جايدا بېجىرىش سىياسىتى» ئۇنى جىددىيلىكتىن قۇتقۇزۇپ قالغان. ئادەم قايتىپ بارماي، ئائىلىسىدىكىلەر نوپۇس دەپتىرىنى ئەۋەتىپ بەرسىلا بولاتتى. جاڭ مياۋ ناھايىتى تېزلا ئۆيىدىكىلەرگە نوپۇس دەپتىرىنى ئەۋەتكۈزدى، كىملىك بېجىرىش زالىدا بارلىق ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇپ، بىر ئايدىن كېيىن يېڭى كىملىكنى تاپشۇرۇۋالدى.

(2)

كىملىك بېجىرىشكە ئالاقىدار ئىشلار قارىماققا كىچىك ئىشتەك قىلىنسىمۇ، لېكىن باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆڭلىگە پۈككەن خەلق تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىش.

2015 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كىملىكنى باشقا جايدا بېجىرىش، يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش ۋە يىتتۈرۈپ قويغۇچىنى ئېنىقلاشقا چاقىرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش خەلققە قولايلىق يارىتىدىغان، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىر تۈرلۈك مۇلازىمەت تەدبىرى. ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەتقىق قىلىپ تەييارلىغان «كىملىكنى باشقا جايدا بېجىرىش، يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش ۋە يىتتۈرۈپ قويغۇچىنى ئېنىقلاشقا چاقىرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى پىكىر» ماقۇللاندى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى مەسىلىنى يۆنىلىش قىلىپ، ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاھالە كىملىك مۇلازىمىتى ـ باشقۇرۇش مېخانىزمىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، «ئۇچۇرنى كۆپ قاتىرىتىپ، ئاممىنى ئاز قاتراتتى». كىملىكنى باشقا جايدا بېجىرىش ئىسلاھاتى تېز سۈرئەتلىك يولغا كىردى ——

2016 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ۋە شارائىتى بار ناھىيە، شەھەرلەر ئاھالە كىملىكنى باشقا جايدا قوبۇل قىلىپ بېجىرىشنى يولغا قويدى، يۇقىرىلار كىملىكنى تولۇقلاپ بېجىرىشتە يىراق يوللارنى بېسىپ بېرىپ ـ كېلىپ قاتىرمايدىغان بولدى؛

2017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئاھالە كىملىكنى باشقا جايدا قوبۇل قىلىپ بېجىرىش، يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش ۋە يىتتۈرۈپ قويغۇچىنى ئېنىقلاشقا چاقىرىش تۈزۈمىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقىنى جاكارلىدى؛

2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى بېجىرىش تەرتىپىنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ، نوپۇس دەپتىرىنى زۆرۈر ماتېرىيال قاتارىغا كىرگۈزمەيدىغان بولدى؛

. . . . . .

ئۆزى قاتراشتىن نوپۇس دەپتىرى «قاتراش»قىچە، يەنە سانلىق مەلۇمات «قاتراش»قىچە، قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدا، كىملىكنى باشقا جايدا بېجىرىش تەرتىپى قايتا ـ قايتا ئاددىيلاشتۇرۇلدى.

«كىملىك يىتىپ كەتسە، قەرەلى توشسا، تۇرۇشلۇق جايدىكى يېقىن ئەتراپتا خالىغان چاغدا بېجىرگىلى بولىدىغان بولدى، بىر كوچىدىن يەنە بىر كوچىغا بېرىشقىچە پەقەت ئون نەچچە مىنۇتلا كېتىدۇ» دەپ بىلدۈردى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئاممىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لى جىڭشېڭ.

بۇ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈشنىڭ بىر پارچە نەتىجە قەغىزى: ھازىرغىچە، ھەرقايسى جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئاھالە كىملىكنى باشقا جايدا قوبۇل قىلىپ بېجىرىش نۇقتىسىدىن 26 مىڭنى تەسىس قىلدى، باشقا جايدا بېجىرىلگەن ئاھالە كىملىكى جەمئىي 28 مىليوندىن ئاشتى.

(3)

پەن ـ تېخنىكا + ئالاقە تورى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتمەكتە.

گۇاڭجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى خەيجۇ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىنىڭ كىملىك بېجىرىش زالىدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا 17 يىل بولغان پېڭ سۈيۈننىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، ئىلگىرى كۆزنەك پەقەت گۇاڭجوۋ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىملىك بېجىرىش ئېھتىياجىنى قوبۇل قىلاتتىكەن، بۈگۈنكى كۈندە 10 مىليونغا يېقىن كۆچمە ئاھالىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان بوپتۇ، ۋەزىپىسى خېلى كۆپ ئېغىرلىشىپتۇ، ئەمما ئۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنالنىڭ خىزمەت يۈكىنى يېنىكلىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كىملىك بېجىرىش زالىنىڭ 1 ـ قەۋىتىدىكى مۇلازىمسىز كىملىك بېجىرىش رايونىدا، پېڭ سۈيۈن بىر نەچچە ماشىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ھازىر گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى نوپۇسىدىكى ئاھالىلەر بۇ بىر قانچە ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنالدا بارلىق كىملىك بېجىرىش تەرتىپىنى تاماملىيالايدۇ.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە باشقا جايدا قوبۇل قىلىپ بېجىرىش، ئامما يېقىن ئەتراپتا ئالماشتۇرۇپ ئېلىش، تولۇقلاپ ئېلىش، يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش، سۈرەتكە «كۆپ تارتىپ، ياخشىسىنى تاللاش»... كىچىككىنە كىملىك مىليونلىغان ئاممىنى تۇتاشتۇرۇپ، ھەممە ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزدى.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزلەپ، كۆپ خىل تەدبىر ئارقىلىق كىملىك باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرگەن. كىملىك بارماق ئىزى ئۇچۇرىنى تىزىملاش خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلىشى، كۆچتىن قالغان كىملىك ئۇچۇرى سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى كىملىكنىڭ سۈيىئىستېمال قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى «قوش كاپالەت» بىلەن تەمىنلىگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەتتىكى كىملىك ئىشلىتىدىغان تارماقلار بىلەن بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، كىملىك ئىشلىتىدىغان ئورۇنلاردىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش مەجبۇرىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، كىملىكنى ساختا ياساش، ئېلىپ ـ سېتىش، سۈيىئىستېمال قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ئاممىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ باھا ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش يېڭىنى ئاچتى

**مۇخبىرىمىز ليۇ دۇڭلەي، پىراكتىكانت جاۋ شىڭمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ باھا ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ باھا ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈمنى خۇلاسىلەپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ باھا ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، بوشلۇق تەڭپۇڭ بولۇش، سىستېمىلىق تىزگىنلەش، ئىككى قولدا كۈچەش»تىن ئىبارەت سۇ تىزگىنلەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ باھاسى ئىسلاھاتىنى يېتەكچى قىلغان، قۇرۇلۇشتا سۇ تېجەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان، سۇ ئىشلىتىش ھوقۇقى ئىسلاھاتى ۋە كىچىك تىپتىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ھەم «ئۈچ تۈرلۈك ياردەم تولۇقلىمىسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قوشۇمچە قىلغان يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەش ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ ئىشلىتىش ئەندىزىسى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىندى، خۇلاسىلەندى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئالماشتۇرۇشى كۈچەيتىلىپ، پىششىپ يېتىلگەن ئەندىزىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ باھا ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قارىتا قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ئىسلاھاتنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا بەخت يارىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

يىغىندا مۇنداق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ باھا ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش كۆلىمى جەمئىي 18 مىليون 634 مىڭ 900 موغا يەتكۈزۈلىدۇ. يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ باھا ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تولۇق تونۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، ئىككى قولدا كۈچەپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىسلاھات ۋەزىپىسىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە قەتئىي، ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قۇمۇل شەھىرى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ باھا ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى ئالدىن يولغا قويغان رايونلاردىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىندا پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇنداق بىر قانچە مۇناسىۋەتنى توغرا ئىگىلەش زۆرۈر. بىرىنچى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا سىلجىتىش بىلەن مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىككىنچى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش بىلەن يېشىل تەرەققىياتنى ماس ئالغا سىلجىتىش يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. ئۈچىنچى، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش بىلەن بوشاشماي كۈرەش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي بۇ ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، كونا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تۈگىتىش بىلەن يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەپ، چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بەشىنچى، ئۆز تەرەققىياتى بىلەن ماس تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەپ، تىرىشىپ چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنى ئورگانىك ئۇيغۇرلۇققا ئىگە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش خىزمەت سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار ۋە دەريا بويىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى قوزغىتىپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، تۆمۈردە ـ تاشتا ئىز قالدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىي، ياخشى تۇتۇپ، چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشى كېرەك.

# كارخانا مەسئۇلىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىگە ئېلىش ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلىنى توغرا تېپىپ، دەل جايىدا سىياسەت يۈرگۈزۈپ، دىققەتنى نۇقتىلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇشتىكى قىيىن مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرمۇبىر ئالغا سىلجىتتى. باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇقتىلىق تۈرلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

«بىز ‹بىر بەلباغ، بىر يول›قۇرۇلۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، دۆلەت كارخانىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچ قوشتۇق» دېدى شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر گاۋ جيەنجۈن.

باش تېما تەربىيەسىدە، شىنجاڭ بانكىسى پاي چەكلىك شىركىتى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىنى ئېنىقلاپ، ئاغرىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتتى، ماسلاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى.

«قەرز بېرىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق مەسىلىسى كىچىك، ئۈششاق پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىدە بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ.» شىنجاڭ بانكىسى پاي چەكلىك شىركىتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بانكا باشلىقى جېڭ يۈفېڭ مۇنداق بىلدۈردى: يۇقىرىقى كارخانىلار ۋە كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ بانكىسى پاي چەكلىك شىركىتى يۇقىرىقى، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىش كەسپىنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ قەرز پۇلنى تېخىمۇ قولايلىق ھالدا ئەمەلىي ئىقتىساد ۋە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا يۈزلەندۈردى.

«بىز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلسا، مەسئۇلىيىتىنى كەچۈرۈم قىلىشنى باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ۋەزىپە ئادا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ بەلگىلىمىلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەخلاق خەۋپ ـ خەتىرى ۋە مەشغۇلات خەۋپ ـ خەتىرى بولمىسىلا، ئالاقىدار خادىملار ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلسىلا، مەسئۇلىيىتىنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئايدىڭلاشتۇردۇق. بۇ تەدبىرنىڭ بانكىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشچانلىقىنى ئاشۇرۇشتا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، بىزنىڭ پۇقراۋى كارخانىلار ۋە كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى قوللاش ئىقتىدارىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتتى» دېدى جېڭ يۈفېڭ.

■«ئىككى تور»نى زىچ توقۇش دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش

8 ـ ئاي كىرىشى بىلەن، شىنجاڭدا مېۋە ـ چېۋىلەر مەي باغلاپ پىشتى، شىنجاڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرى (پەيزاۋات) توپ تارقىتىش سودا بازىرىدا دېھقانلار پەيزاۋات قوغۇننى ئايرىۋاتقان، سودىگەرلەر قاچىلاپ توشۇش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان مەنزىرە نامايان بولغانىدى. پەيزاۋات ناھىيەسى غولتوغراق بازىرى ئاياق قوشكۆل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابلاجان رەخمەتۇللا بازاردا ئۆزى تېرىغان پەيزاۋات قوغۇنىنى سېتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

«پەيزاۋات قوغۇنى سودا بازىرى ئېچىلغاندىن كېيىن، قوغۇن سېتىۋېلىشقا كېلىدىغان سودىگەرلەر كۆپەيدى، باھاسىمۇ ياخشى بولدى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئۆزۈم تېرىغان 13 مو پەيزاۋات قوغۇنىنى 50 نەچچە مىڭ يۈەنگە سېتىپ، بەك خۇش بولدۇم.» ئابلاجاننىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى.

باش تېما تەربىيەسىدە، شىنجاڭ تەمىنات ـ سودا مەبلەغ سېلىش (پاي كونترول) گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش ۋە شىنجاڭ سىرتىدا سېتىشتىن ئىبارەت «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىنى ئەستايىدىل تېپىپ چىقىپ، دەرھال ئۆگىنىپ، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ قاراتمىلىقلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى. شىنجاڭ تەمىنات ـ سودا مەبلەغ سېلىش (پاي كونترول) گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «شىركەت + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» ۋە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ سېتىش يولى بىرلا خىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. «تور سىرتىدىكى ئەمەلىي بازار + توردىكى ئېلېكتىرونلۇق سودا» تىجارەت ئەندىزىسى ئارقىلىق، ناھىيە، يېزا، كەنت ئۈچ دەرىجىلىك سېتىۋېلىش تورىنى تۇتاشتۇرۇپ، سودا تەننەرخىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە، تۇرپان، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇدىن ئىبارەت تۆت جايدا قۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش، پىششىقلاش سودا مەركەزلىرىدە جەمئىي 897 مىڭ تونna يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى سېتىلىپ، ئېلىم ـ بېرىم قىلىنىپ، 300دىن ئارتۇق دېھقان ۋاستىچىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولدى، 70 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىگە تۈرتكە بولدى.